# 7510 ـ كېسەللىك سەۋەبىدىن روزا تۇتالماسلىق

### سۇئال

بىر ئايال پىسخىكا كېسىلى بولۇپ قالدى (قىززىش، تۇراقسىزلىق، ئىرۋا چىچىلىش قاتارلىق) شۇڭلاشقا تەسىرىدە تۆت يىلغا يېقىن روزا تۇتمىدى، مۇشۇنداق ھالەتتە تۇتمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟ ياكى بۇنىڭغا باشقا ھۆكۈم بارمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەگەر روزا تۇتۇشقا قادىر بولالماي روزا تۇتمىغان بولسا، كېيىن روزا تۇتۇشقا قادىر بولغاندا تۇتالماي قالغان تۆت يىللىق رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ؟ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَتەرجىمىسى: كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۆچۈن باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئەللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ. [سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

ئەمما دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشى بويىچە ئۇ ئايالنىڭ كېسەللىكى ۋە ئاجىزلىقى داۋاملىشىدىغان، ساقايمايدىغان ھالەتتە بولسا، ھەر كۈنلۈك تۇتالمىغان روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە بىر يېرىم كىلوگىرام مىقداردا بۇغداي ياكى خورما ۋەياكى گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىقى ياكى شۇ يۇرتتا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەردىن بەرسە دۇرۇس بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەك ياشىنىپ كەتكەن بوۋاي-موماي لار روزا تۇتسا بەرداشلىق بېرەلمەي، چارچاپ، ھالىدىن كېتىدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۈچۈن تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ. .

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.